# 6223 ـ ھاجەتخانىغا كىرگەندە ئۆزى بىلەن بىرگە مۇسھەپنى ئېلىپ كىرىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

### سۇئال

مەن دائىم قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇشنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن قەيەرگە بارسام قۇرئاننى ئېلىپ سومكامغا سېلىۋالىمەن، مەن سىرتتا بولۇپ ھاجەتخانىغا كىرمەكچى بولسام قانداق قىلىمەن؟، سومكامنى سىرتتا قويالمايمەن، بەلكىم بىرسى ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن، قۇرئاننى كىتاپ سومكىسىغا سېلىپ ئۆزۈم بىلەن بىرگە ھاجەتخانىغا ئېلىپ كىرسەم توغرا بولامدۇ؟. ئامېرىكىدا ھاجەتخانا ۋە سۇخانىنىڭ دائىرىسى كەڭرى، ھاجەت ئادا قىلىدىغان خاس ئورۇن بار، ئۇ ۋاقىتتا سومكامنى قەيەردە قويىمەن؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

سومكىڭىزنى ھاجەتخانىنىڭ سىرتىدا قويۇش ئىمكانىيىتى بولسا، سىرتتا قويسىڭىز ياخشى بولىدۇ، ئەمما سىرتتا قويۇپ باشقىلارنىڭ ئوغرىلاپ كېتىشى ياكى يوقاپ كېتىشتىن ئەنسىرسىڭىز، مۇسھەپنى سومكىغا سېلىپ ئۆزىڭىز بىلەن ھاجەتخانىغا ئېلىپ كىرىپ ھاجەت قىلىدىغان ئورۇندىن يىراقتا قويسىڭىز بولىدۇ، بۇ ئەڭ گۈزەل ۋە ياخشى بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.